# روسىيە ئېغىر خاتالىقدىن ساۋاق ئېلىپ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ



مەنبە: نيۇيورك تايمىز گېزىتى

2023- يىل 17- سەپەر (6-ئاي)

# روسىيە ئېغىر خاتالىقىدىن ساۋاق ئېلىپ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ

مەنبە: نيۇيورك تايمىز گېزىتى

www.taklimakan.biz

رۇسىيە ئۇرۇشىنىڭ دەسلىپىدە، نوقۇل ئوت كۈچىگە تايىنىپ زېمىننى قولغا كەلتۈردى. مەن ئۇكرائىنالىق ئەسكەر، رۇس ئۇرۇش ئەسىرلىرى، چەتئەللىك جەڭچى ۋە قوماندانلار ھەمدە غەرب ئەمەلدارلار بولۇپ 17 شەخس بىلەن سۆھبەتلىشىش ھەمدە ھۆججەت ۋە سىن كۆرۈنۈشلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق كىرملىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى، بولۇپمۇ باخمۇتتىكى غەلىبىسىنىڭ بىر تۈركۈم ئۆزگەرتىشلەر نەتىجىسىدە قولغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەسىلەن: رۇس ئۇرۇش ئاپتوموبىل كارۋىنى تېزلا ۋەيران بولىدىغان ياكى كاردىن چىقىرىدىغان زەربىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى بار رايونغا يېنىكلىك بىلەن كىرمەي، تىزگىن ئۇچقۇ ۋە ھۇجۇم خاراكتېرلىك رازۋېدكا ۋاسىتىلىرىنى كۆپرەك قوللىنىدىغان بولدى. بەلكى، بەزى ۋاقىتلاردا، زەربە بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇكرائىنالىقلارنىڭ خەندەكلىرىنى بايقاش ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋاز چىقىرىش بىلەنلا بولدى قىلدى. شۇنداقلا، ۋاگنىر ياللانما گۇرۇپپىسى ياخشىلانغان تاكتىكا بىلەن قىسمەن سەپلەردە قۇربانلىق بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇكرائىنا مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.



ئۇكرائىنا ئۇزاق كۈتۈلگەن، ياخشى قوراللانغان ھەمدە ئامېرىكا ـ ياۋرۇپا قوراللىرى ۋە ئىلغار ئالاقە تېخنىكىلىرى بىلەن كۈچەيتىلگەن قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلىدى. لېكىن، رۇس قىسىملىرىمۇ مۇداپىئەسىدە زەمبىرەك ۋە ھاۋا ياردىمىنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن تامامەن پەرقلىق كۆرۈنىدىغان ھەرىكەتنى يولغا قويدى.

غەربلىك ئەمەلدارلار مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى بۇ ياخشىلاشلار رۇسنى، بولۇپمۇ مۇداپىئە ئورۇنلىرىدا ئۇرۇش قىلسا ۋە جەڭ مەيدانىدىكى قىسىملىرىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلسا، تېخىمۇ كۈچلۈك دۈشمەن قىلىدۇ.

**600** مىلغا سوزۇلىدىغان ئالدىنقى ئۇرۇش لىنىيەسىدىكى رۇسىيەنىڭ ھەربىي ئىقتىدارى تەكشسىز بولۇپ مەھبۇسلار، مەشىقلىنىشىنىڭ كەمچىل بولۇشىغا قارىماي باخمۇت جېڭىدا زاھىر بولغاندەك، ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. كىرمىلىنىڭ پارتلاتقۇچ تىزگىن ئۇچقۇ ياكى ھاۋادىن تاشلىنىدىغان ئاددىي بومبىلارغا زىيادە تايىنىشى ئوق ـ دورا كەمچىللىكى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرغا چىقتى»



ئۇكرائىنا تىزگىن ئۇچقۇ قىسمىنىڭ قوماندانى گراف مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى

رۇسلار) سانجاق ۋە تۇغلارنىڭ ئارقا سەپتىكى قوماندانلىق مەركەزلىرىنى تېپىش ۋە ئۇنى قىسىملار ئۇتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كاردىن چىقىرىش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر يىراق مۇساپىدىن ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ». ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان رۇس ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ كۆپ قىسمى بىتەرەپ ھالغا كەلتۈرۈلدى. كېيىن ئۇلار ئايروپىلانلىرىنى خەتەرگە يولۇقتۇرماي ئۇكرائىنا قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، (تېزگىن ئۈچقۇدىن تاشلىنىدىغان) ئاددىي بومبىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تاكتىكا ۋە ئوق ـ دورىلارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى.

ئامېرىكىلىق ئەمەلدارلار رۇس تاكتىكىسىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار جەڭ مەيدانىدىكى ئىستىخبارات دوكلاتىغا ئاساسلىنىپ، باخمۇتتىكى غەلبە ۋاگنېرنىڭ مەھبۇسلاردىن تەشكىللەنگەن ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماستىن جەڭگە سېلىشقا تەييارلىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارايدۇ.

## بىراق، ئەسكەرلەر يەر يۈزىدە يۈز بېرىۋاتقان باشقا نەرسىلەرنى كۆردى:

باخمۇتتا ئۇكرائىنا ئۈچۈن جەڭ قىلغان ئەسكەرلەر جەڭنىڭ باشلانغۇچىدىن تامامەن پەرقلىق شەكىلدە ئاياغلاشقانلىقىنى بايان قىلدى. جەڭ مەيدانىغا ئورۇنلاشقانلار مەھبۇسلار بولماستىن بەلكى، ۋاگنېرنىڭ كەسپىي جەڭچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇكرائىنا نۇقتىلىرىغا قارشى يەر يۈزى ئوت كۈچى بىلەن زەمبىرەكنى ماسلاشتۇرۇپ ھەرىكەتلىنىپ، كىچىك گۇرۇپپىلىرى ئۇ نۇقتىلارنى تېز سۈرئەتتە قوشۇۋالاتتى.

ئۇكرائىنا كونتروللۇقىدىكى رايونلار قىسقىراپ ئازغىنە بىنا قالغاندا، روس قىسىملىرى بۇ بىنانىڭ بىرىگە زەمبىرەك ئوقلىرىنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ ـ دە، ئۇكرائىنالىقلار چېكىنگەن ھامانلا بۇ بىنانىڭ ئىچىگە روس قىسىملىرى ئۆتۈپ بولىدۇ.

چەتئەللىك ئەسكەر مۇنداق دېدى: «ئۇكرائىنالىقلار بۇنى توسۇشقا قادىر بولالمىدى». روسىنىڭ بۇ ئىستراتېگىيەسىگە قارشى تۇرۇشتا ئۇكرائىنا چېكىنگەندە بىنانى پارتلىتىۋېتىش ئۈچۈن مىنالاشتۇردى.

تايمىز گېزىتى نەشر قىلغان نورۇز (3 ـ ئاي) لىق ۋەزىيەت دوكلاتى ھەرىكەتنىڭ بۇ خىل تۈرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ: «ئەگەر سىز ۋاگنېرنىڭ بىر ئەزاسى بولسىڭىز، بۇ



www.taklimakan.biz

سىزنىڭ ياخشى مەشىق كۆرگەنلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ».

ئۇ دوكلاتتا يەنە مۇنداق كەلگەن: «ۋاگنېر ئوت كۈچى بىلەن جانلىق تاكتىكىلىق ھەرىكەتنى قوللاندى». ئۇلارنى مۇنداق سۈپەتلىگەن: «روسىنىڭ تەييارلىق جەھەتتە ئەڭ ئەۋزەل ئەسكەرلىرى».

ئەمما، ۋاگنېرنىڭ بىر رايوندا كۆرسەتكەن بۇ قەھرىمانلىقى كەڭ دائىرىگە تارقالمىدى. ئامېرىكىلىق ئەمەلدارلار مۇنداق دەيدۇ: «روس تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ بىراق، قىسىملىرى ئومۇمىي شەكىلدە تەرەققىي قىلمىدى، روسىنىڭ تەجرىبىلىك ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇشنىڭ بېشىدا ئۆلتۈرۈلدى.

كىيىن ئارمىيەگە سەپلىنىپ ئازلا مەشىق كۆرگەن قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۈگۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلار بولسا 2022 ـ يىلىدا زور زىيانغا ئۇچرىغان، كۆپىنچىسى ھازىر زەمبىرەك سۈپىتىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپلەردىن يىراقلاشتۇرۇلغان روس تانكىلىرى بىلەن زور ھەجىمدىكى ھەربىي قىسىم ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ھۇجۇم ھەرىكىتى قوزغاشقا تىرىشىۋاتىدۇ».

گىراف مۇنداق دېدى: «ھازىر ئۇلاردا يېتەرلىك تانكا يوق، بومباردىمانغا كۆمۈۋەتكىدەك يېتەرلىك زەمبىرەكلىرى ھەم يوق».

روس تاكتىكىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئۇكرائىنا خەندەكلىرى ئىچىدىن ئېلىنغان، تىزگىن ئۈچقۇ كۆرۈنۈشلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

روس ئىشغال قىلىۋالغان شەرقىي سىفاتوف بازىرىغا يېقىن يەردە تۇرىدىغان، ئۇكرائىنالىق ئەسكەر روسلان زوبارىيىف مۇنداق دېدى: «رۇسلار ھۇت ( ـ 2ئاي ) دا، خەندەكلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇشتا ھەربىي كىتابلىرىغا يازغان تاكتىكىلىرىنى قوللاندى».

ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرىنىڭ نوقۇل قارا كۈچكىلا تايانماستىن مۇئەييەن دەرىجىدە ئىستراتېگىيە (ئەقىل) گە تايانغانلىقى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار ئۆتكەن ئالتە ئاي ئىچىدە تاكتىكىلىرىنى ئۆزگەرتتى».

ئۇكرائىنا ئورۇنلىرىنى بايقاش ئۈچۈن تۆت كۈندە، روس بومباردىمانى يوپۇرماقلىق ئېگىز دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى ۋە ئاندىن ئەتراپىغا ئونچە پىيادە ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان بىرونېۋىك بىلەن ئىلگىرىلىدى.

www.taklimakan.biz

براق، تاكتىكىلىق ياخشىلاشنىڭ دائىرىسىگە ئىشارە قىلىپ زوبارىيېف مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلاردا ئۇكرائىنا خەندەكلىرى ھەققىدە يېتەرلىك ئىستىخبارات مەلۇماتى يوق». بۇنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، سىن كۆرۈنۈشلۈك خاتىرىلەنگەن جەڭدە، روس ھۇجۇمىنى (21 ياشلىق) زوبارىيېف ئۆزى يالغۇز دېگۈدەك توختىتالىدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇلار ھەممە ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلدى. ئەمما، مۇھىم نۇقتىغا سەل قارىدى. ھەر دائىمىلىق ئۇلاردا يېتەرلىك مەلۇمات يوق».

روس ئارمىيەسى مىزان (9 ـ ئاي) دا شەرقىي شىمالىغا مۇداپىئە لىنىيەسى قۇرغان، شەرقىي كرىيمىينا بازىرى ئەتراپىدا، ئىككى تەرەپ نۆۋەتلىشىپ كىچىك ھەجىمدىكى ھۇجۇم ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

گىراف مۇنداق دېدى: «ھەر ئىككى تەرەپ دۈشمەنگە ئۆزىنىڭ ئىلگىرلىيەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئەمما، ھېچكىم ئۇنى كىمنىڭ، قەيەردە قىلالايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ».

كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇكرائىنا باخمۇت ئەتراپىدىكى ئاساسلىق ئېگىزلىكلەرنى ئىگىلىدى. روس قىسىملىرى قاچىنىڭ ئاستىدەك پەس شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا ئۇرۇنۇشتا ئېغىر چىقىم تارتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئەسىرگە چۈشكەن سابىق مەھبۇسنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، روس ئارمىيەسى خەندەك كولاشتا سابىق مەھبۇسلارغا تايانغان بولۇپ، بۇ ۋاگنېر ئەڭ ئاۋۋال قوللانغان تاكتىكا ئىدى.

ئۇكرائىنا ئەسكەرلىرى مۇنداق دېدى: «روس خەندەكلىرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەييارلىق جەھەتتە ئۇكرائىنا خەندەكلەردىن ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلىدى». نورۇز ( ـ 3ئاي) دىكى ۋەزىيەت دوكلاتى پاناھگاھلارنىڭ «تىزگىن ئۇچقۇ ئارقىلىق بايقىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە تېرەن ۋە ۋېيىپتىنام ئۇسلۇبىدىكى ئۆمۈچۈك تورى» غا ئوخشايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئامېرىكىلىق ئەمەلدار مۇنداق دېدى: بۇنىڭغا ئوخشاش مۇداپىئە ئورۇنلىرى زور تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ، ئۇكرائىنانىڭ ئۇنى يېڭىلىشىگە ھۆكۈم قىلىش بالدۇرلۇق قىلىدۇ. روس مۇداپىئە لىنىيەسى قاتلاملىق ياسالغان بولۇپ ئايلارچە مەغلۇبىيەت ۋە زىيانغا يولۇققىنىغا قارىماي جەڭنى داۋاملاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.

روس ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى ھەمدە شۇنداقلا سىگنال ئۇسكۈنىلىرىگە كاشىلا پەيدا قىلىش ۋە تىزگىن ئۇچقۇنلارنى چۈشۈرۈۋېتىش ئىقتىدارى ھېلىھەم ئۈنۈملۈك ۋە

www.taklimakan.biz

كۆچلۈك بولۇپ، ئۇكرائىنا قىسىملىرى ئىلگىرىلىسە روس ئايروپىلانلىرىنىڭ ئوت كۈچىگە ئەڭ كۆپ دۇچار بولىدۇ.

يازغۇچى:

جولىيان ئىيى بارنىز: نيۇيورك تايمىز گېزىتى دۆلەت بىخەتەرلىك مۇخبىرى.

توماس جىيبونىز نىيىف: نيۇيورك تايمىز گېزىتىنىڭ ئۇكرائىنادىكى مۇخبىرى ۋە سابىق دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش پىيادە قىسىم ئەسكىرى.

www.taklimakan.biz

www.taklimakan.biz